# ئوتتۇرا شەرق خىتاي ئۈچۈن «كەم بولسا بولمايدىغان» ئېنېرگىيە مەنبەسى

مەنبە: ئانادولۇ خەۋەر ئاگېنتلىقى





خىتاي دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ نېفىت ئىمپورت قىلغۇچى دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن كۈنىگە 10 مىليون تۇڭدىن ئارتۇق خام نېفىت ئىمپورت قىلىدۇ، بۇنىڭ يېرىمى ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرىدىن كېلىدۇ، ئەلۋەتتە.

يېقىنقى مەزگىللەردە، مەبلەغ سېلىش سىياسەتلىرى ئارقىلىق كۆزگە كۆرۈنگەن خىتاي داۋاملىق دېگۈدەك ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىماقتا.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىكىگە قارشى ئوتتۇرا شەرقتە مەۋجۇت بولۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقان خىتاي بۇ رايوندىكى تەسىرىنى ئاشۇرماقتا ئىكەن.

بۇ ئارقا كۆرۈنۈشتە، ئەرەب ـ خىتاي، ئەرەپ قولتۇقى ـ خىتاي ۋە سەئۇدى ئەرەبىستان ـ خىتاي باشلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن سەئۇدى ئەرەبىستانغا زىيارەتكە كەلگەن خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ سەئۇدى پادىشاھى سالمان بىن ئابدۇلئەزىز، ۋەلىئەھدى مۇھەممەد بىن سالمان، دېڭىز قولتۇقى دۆلەتلىرىنىڭ بەزى رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈشتە بولدى.

ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقى مائارىپ، مەدەنىيەت ۋە ئىلىم ـ پەن تەشكىلاتىنىڭ دوكلاتىغا قارىغاندا، يېقىنقى 17 يىلدا خىتاي ـ ئەرەب دۆلەتلىرى

www.taklimakan.biz

ئوتتۇرىسىدىكى سودا مىقدارى **10** ھەسسىگە يېقىن ئاشقان . ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى سودا سوممىسى ختاي ـ ئەرەب ھەمكارلىق مۇنبىرى قۇرۇلغان **2004** ـ يىلدىكى **36** مىليارد **700** مىليون دوللاردىن يۇكسىلىپ **2021** ـ يىلى **330** مىليارد دوللارغا يەتكەن .

بۇ سان ئامېرىكا ، ئەنگلىيە ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى دۆلەتلىرىدىن ئېشىپ كەتكەن . بۇ ختاينىڭ بارلىق ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئاساسلىق سودا ھەمراھى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بولۇپ ، **2005** ـ يىلدىن **2021** ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ختاينىڭ ئەرەب دۆلەتلىرىگە سالغان مەبلىغى **213** مىليارد **900** مىليون دوللارغا يەتكەن .

ئوتتۇرا شەرق تەتقىقات مەركىزى **(ORSAM)** تەتقىقاتچىسى سەركان چالىشكان ئانادولۇ ئاگېنتلىقى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىدە ، ختاينىڭ ئوتتۇرا شەرق سىياسىتى توغرىسىدا توختالدى .

دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ نېفىت ئىمپورت قىلغۇچى دۆلەت ختاي ئېنېرگىيە ئىمپورتىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرى بولغاچقا ، ختاينىڭ بۇ رايوندىكى ئىقتىسادىي مەنپەئەتى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلغان سەركان چالىشكان: «كۈنىگە **10** مىليون تۇڭدىن ئارتۇق خام نېفىت ئىمپورت قىلىدىغان بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنى ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرى بۇ ئىمپورتنىڭ يېرىمى بىلەن تەمىنلەيدۇ» دېدى .

ختاينىڭ ئېنېرگىيە ئېھتىياجى ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى نېفىت ئىشلەپچىقارغۇچى دۆلەتلەرنىڭ بۇ ئېھتىياجنى قامداشتىكى ئۇلۇشى ـ ئوتتۇرا شەرقنى ختاي

ئۇچۇن كەم بولسا بولمايدىغان ئېنېرگىيە مەنبەسىگە ئايلاندۇرغانلىقىنى بىلدۈرگەن سەركان چالىشكان: «ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرىنىڭ نېفىت ۋە تەبىئىي گاز ئىمپورتىدىكى مۇھىملىقى ـ ئوتتۇرا شەرقنى خىتاينىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىدە پەرقلىق ئورۇنغا ئىگە قىلدى». دېدى.

سەركان چالىشكان مۇنداق دېدى: «2022 ـ يىلدىكى سانلىق مەلۇماتقا قارايدىغان بولساق، خىتاينىڭ روسىيەدىن ئىمپورت قىلغان خام نېفىتىدە 2022 ـ يىلى بىرىنچى پەسىلگە سېلىشتۇرغاندا تۆۋەنلەش كۆرۈلگەن. ئىراق ئىراق، ئەرەب بىرلەشمە ئەمىرلىكى، ئومان ۋە كۇۋەيت قاتارلىق ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرىدىن قىلىنغان ئىمپورت نىسبىتىدە بولسا كۆرۈنەرلىك ئېشىش كۆرۈلدى».

خىتاينىڭ خام نېفىت ئىمپورتىدا ئوتتۇرا شەرققە تايىنىدىغانلىقى، شۇنداقلا يىللىق تەبىئىي گاز ئىمپورتىنىڭ 120 مىليارد كۇب مېتىردىن ئاشىدىغانلىقىنى بايان قىلغان سەركان چالىشكان مۇنداق دېدى: « خىتاي 2019 ـ يىلى قاتاردىن 84 مىليارد كۇب ئەڭ تەبىئىي گاز ئىمپورت قىلدى».

«يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خىتاينىڭ ئەڭ چوڭ نېفىت تەمىنلىگۈچىسىگە ئايلانغان سەئۇدى ئەرەبىستان روسىيەدىن ئېشىپ كېتىپ، خىتاي بىلەن بولغان ئىككى تەرەپلىك سودا مىقدارىنى 2000 ـ يىلدىكى 3 مىليارد دوللاردىن 2020 ـ يىلى 67 مىليارد دوللارغا يەتكۈزدى، سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھى سالمان بىن ئابدۇلئەزىزنىڭ 2017 ـ يىلى خىتاي زىيارىتى نەتىجىسىدە، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسى، قايتا ھاسىل بولىدىغان ئېنېرگىيە ۋە ھىدروگېن شۇنداقلا نېفىت قاتارلىق ساھەلەردە 65 مىليارد دوللارلىق كېلىشىم ئىمزالاندى».

خىتاي ئىمپورت قىلىدىغان ئېنېرگىيەنىڭ كۆپ قىسمىنى تەمىنلەيدىغان سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە ئىراق قاتارلىق ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرى ھەمدە خىتاي بۇ دۆلەتلەردىن ئىمپورت قىلىنغان ئېنېرگىيەنى يۆتكەيدىغان ئەرەپ قولتۇقى، ھورمۇز بوغۇزى ۋە مالاككا بوغۇزى قاتارلىق لىنىيەلەر خىتاينىڭ ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكى ئۈچۈن مۇھىم جۇغراپىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

« يەر شارى نېفىت ئىستېمالىدا ئەڭ كۆپ ئۈلۈشى بولغان خىتاي

www.taklimakan.biz

ئېنېرگىيە ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ھورمۇز بوغۇزىنى قاتناش يولى قىلىپ ئىشلىتىدۇ. خىتاي ھەر يىلى ئىمپورت قىلىدىغان **500** مىليون توننا خام نېفىتنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ھورمۇز بوغۇزى ئارقىلىق يۆتكەيدۇ».

سەركان چالىشكان **2018** ـ يىلدىكى سانلىق مەلۇماتقا ئاساسەن، «دۇنيادىكى ئۈچتىن بىر قىسىم دېڭىز سودىسى ھورمۇز بوغۇزى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى، بۇ لېنىيە ئارقىلىق كۈنىگە **21** مىليون تۇڭ خام ۋە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن نېفىت توشۇلىدىغانلىقى، شۇنداقلا نېفىت سودىسىنىڭ كۈندىلىك قىممىتىنىڭ **1** مىليارد **200** مىليون دوللا بولىدىغانلىقىنى» ئوتتۇرىغا قويىدى.

بۇغۇزدىكى نېفىت توشۇش پاراخوتلىرىغا ھۇجۇم قىلىش مۇمكىنچىلىكى، دۆلەتلەر ئارىسىدىكى سىياسىي كۆرەشنىڭ ئەكس تەسىرى نېفىت ئېكسپورت قىلىدىغان دۆلەتلەرگىلا ئەمەس، بەلكى ئېنېرگىيە ئېھتىياجلىرىدا چەتئەل مەنبەلىرىگە تايىنىدىغان دۆلەتلەرگە ھەم ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

سەركان چالىشكان خىتاينىڭ **2017** ـ يىلى جىبۇتىدا چەتئەلدىكى تۇنجى ھەربىي بازىسىنى قۇرغانلىقىنى بايان قىلىپ، بۇنىڭ ئېنېرگىيە لىنىيىسىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ھەربىي كۈچنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدىكى قاراشنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

سەركان چالىشكان مۇنداق دېدى: «پاكىستاندىكى گۋادار پورت قۇرۇلۇشىنىڭ بىر قىسمى ھەربىي بازا بولۇپ، جىبۇتىدىكى ھەربىي بازا بىلەن قوشۇلغاندا، خىتاينىڭ رايوندىكى بولۇپمۇ، ئەرەپ قولتۇقى ۋە ھورمۇز بوغۇزىدىكى بىخەتەرلىكىنى كۈچەيتىدۇ. بۇنى خىتاي ئۆزىنىڭ ھەربىي مەۋجۇتلۇقىنى كۈچەيتىۋاتىدۇ دەپ چۈشەنسەكمۇ خاتالاشمايمىز».


بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەرەپ قولتۇقى ۋە ھورمۇز بوغۇزىنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە ئېنىق ئۈچۈر بەرگەنلىكىنى ئەسكەرتكەن سەركان چالىشكان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ماي پاراخوتىغا ھۇجۇم قىلىش، ئامېرىكا ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلانىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى ۋە ئىراننىڭ ھورمۇز بوغۇزىدا ئەنگلىيە نېفىت توشۇش پاراخوتلىرىنى ئىگىللىۋېلىشىدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان بۇ ھەرىكەتنى، خىتاي ـ ئېنېرگىيە ئىمپورت يولى ۋە ئۆزىنىڭ

www.taklimakan.biz

مەۋجۇتلۇقىنى قوغداش ئۈچۈن بارلىققا كەلتۈردى».

**ORSAM** تەتقىقاتچىسى سەركان چالىشكان يەنە ئامېرىكىنىڭ كۇۋەيت، سەئۇدى ئەرەبىستان، بەھرەيىن، ئوممان ۋە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدە **41** ھەربىي بازىسىنىڭ بارلىقىنى، قاتارنىڭ ئەل ـ ئۇدەيد ھاۋا ئارمىيە بازىسىدا تۇرۇشلۇق **11** مىڭ ئەسكەر ۋە خادىمنىڭ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى.

www.taklimakan.biz




www.taklimakan.biz

تکلیماکان

www.taklimakan.biz